يوپۇغا ناھىيەسىدە

يازلىق يىغىم، يازلىق تېرىم ماشىنىلىرىنىڭ ئاۋازى گۈرۈلدىمەكتە

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن، ئىختىيارىي مۇخبىر رېن لىيىڭ**

6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يوپۇغا ناھىيەسىدە يازلىق ئاشلىق ئورۇلۇپ ئامبارلارغا قاچىلاندى. يازلىق تېرىم ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. «يازنىڭ ئۈچ ئىشى» خىزمىتى تەرتىپلىك ئىشلەنمەكتە. بۇ يىل يازدا يوپۇغا تۇپرىقىدا ئۆزگىچە مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

«ھازىر، تېرىشتىن تارتىپ يىغىۋېلىشقىچە ھەممىسىدە ماشىنىلاشقان مەشغۇلات قىلىنىدىغان بولدى، ئېڭىشمەي تۇرۇپلا بۇغداينى ئورۇپ بولىمەن» دېدى يوپۇغا ناھىيەسىنىڭ بايئاۋات يېزىسى يېڭى بازار كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سەمەر نىيازئەخمەت ئالتۇن رەڭ بۇغدايلىقتا ئازادە تۇرۇپ.

ئۇنىڭ ئېتىزلىقىدا، ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، چوڭ تىپتىكى كومباين بۇغدايلارنى پاك ـ پاكىز ئوراۋاتاتتى، ئېتىز بېشىدا ساقلاپ تۇرغان تراكتور يېڭىلا ئورۇلغان بۇغداينى توشۇۋاتاتتى.

«مەن ئېتىزغا ئىككىلا ئىشنى قىلغىلى كەلدىم، بىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىنى ھەيدىگۈچىگە بىزنىڭ يېرىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىش، يەنە بىرى ياخشى ئورۇلغان ـ ئورۇلمىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش» دېدى سەمەر «كەنتكە ئۈچ چوڭ تىپتىكى كومباين كەلدى، بىرنەچچە كۈنگە قالمايلا پۈتۈن كەنتتىكى بۇغدايلارنى ئورۇپ بولىدۇ».

«ئورما ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 500 كىلوگرامدىن ئاشىدىغاندەك قىلىدۇ» دېدى بايئاۋات يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزا باشلىقى ئالىمجان ھاياجانلانغان ھالدا «ئەتىيازدا بۇغداينى پەرۋىش قىلىدىغان مەزگىلدە، ھەرقايسى كەنتلەر مۇلازىمەت ئەترىتى قۇرغاچقا، مول ھوسۇل ئالدۇق».

بۇ يىل، يوپۇغا ناھىيەسىدە 190 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرگە كۈزگى بۇغداي تېرىلىپ، بۇلتۇرقى تېرىغان كۆلەمدىن 20 مىڭ مو ئاشتى. يوپۇغا ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى سۇ كەلگۈچە توغان تۇتۇپ، 40 مىليون يۈەن مەبلەغ غەملىدى ھەم 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم 1 مىليون يۈەننى دەسمايە مەبلەغ سۈپىتىدە يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن تارقىتىپ، «پۇلنىڭ ئاشلىقنى ساقلاپ تۇرۇشى»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دېھقانلار ئاممىسىنى خاتىرجەم قىلدى.

بۇ ياقتا بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىنسا، ئۇ ياقتا 420 مىڭ مو يەردىكى زىرە ئۆزگىچە خۇش پۇراق چېچىپ، يىغىۋېلىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

«بۇ يىل زىرە ناھايىتى ئوخشىدى، مو بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 1900 يۈەندىن 2000 يۈەنگىچە بولۇشى مۇمكىن» دېدى تېرىم بازىرى كۆتەگلىك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئەخەت توختى خۇشال ھالدا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يوپۇغا ناھىيەسى «ھەمكارلىق كوپېراتىپى+بازا+دېھقانلار» تېرىقچىلىق مەشغۇلات ئەندىزىسىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، زىرىنىڭ ئېتىز پەرۋىشى ۋە تېخنىكا يېتەكچىلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، زىرە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. ھەمكارلىق كوپېراتىپى دېھقانلارنىڭ قولىدىن زىرە سېتىۋېلىپ، سېتىش يولىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، يوپۇغا ناھىيەسى شىنجاڭ يۈەندا يېشىل يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنى كىرگۈزۈپ، زىرىنى چوڭقۇر پىششىقلاپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى.

يازلىق يىغىم كېچىكمىسە، ئېتىز تېرىقچىلىقىغا دەخلى يەتمەيدۇ.

تېرىم بازىرى يىلتىزلىق كەنتىدە ماشىنا ئاۋازى گۈرۈلدەپ تۇراتتى، ئورۇلۇپ بولغان بۇغداي ئېتىزى، زىرە ئېتىزىدا پىرقىرما ئاغدۇرۇش، ئۇرۇق سېلىش، باستۇرۇش بىرىكمە مەشغۇلاتى قىلىنىدىغان تراكتور كومبايىنىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئېتىزغا كۆممىقوناق تېرىۋاتاتتى.

«بىرنەچچە سائەتلىك يۈرۈشلۈك مەشغۇلات ئارقىلىقلا، ئىلگىرى ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە ئاران تاماملىغىلى بولىدىغان يازلىق يىغىم، يازلىق تېرىم خىزمىتىنى تاماملىدۇق» دېدى يىلتىزلىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئوسمان يۇمشاق، تەكشى «بۇلۇتسىمان ئېتىز»دا خۇشال ھالدا.

ئوسماننىڭ ئىككى كالىسى، سەككىز قويى بار، «بۇ ئۈچ مو ئېتىزغا تېرىلغان كۆممىقوناقتىن سىلوس بېسىۋالساق، ئائىلىمىزدىكى كالا، قويلارنىڭ يەم ـ خەشەكتىن غەم قىلمايمىز» دېدى ئوسمان «قېپقالغىنىنى سېتىپ كىرىمىمىزنى ئاشۇرىمىز».

بۇ يىل، يوپۇغا ناھىيەسىدىكى ھەرقايسى يېزا ـ بازارلار چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە كىرگۈزۈپ، ئېتىزغا كۆممىقوناق تېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ھەم سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ تېرىش سۈپىتىنى ئۆستۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا، تېرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، يوپۇغا ناھىيەسى تېخنىك خادىملارنى ئېتىز باشلىرىغا بېرىپ دېھقانلارنىڭ كۆممىقوناق تېرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى، پۈتۈن ناھىيەدىكى 108 مىڭ مو ئېتىزغا كۆممىقوناق تېرىش خىزمىتى مۆلچەرلىنىشچە، 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئاخىرلىرىدا ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىدىكەن.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى

1000دىن ئارتۇق كومباين رايون ئاتلاپ مەشغۇلات قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ جىلى**، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن **لىيۇ خۇڭۋېن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ توخۇلا يېزىسى داۋيۈەن كەنتىدىكى بىر پارچە بوش يەردە، ئابدۇللا ئەمەت كىران شوپۇرىنىڭ چوڭ تىپلىق بىرلەشمە كومبايىنلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چوڭ تىپتىكى تەكشى تاختىلىق ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىغا قاچىلاپ، بىرلىكتە قەشقەر، خوتەنگە بېرىپ، رايون ئاتلاپ يازلىق يىغىم مەشغۇلاتى قىلىشقا مېڭىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى.

قەشقەر، خوتەندە بۇغداينىڭ پىشىش مەزگىلى ئاقسۇنىڭكىدىن ئون نەچچە كۈن بالدۇر. بۇ يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش ئۈچۈن، ئاقسۇ ۋىلايىتى 1000دىن ئارتۇق چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە كومبايىننى قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، رايون ئاتلاپ مەشغۇلات قىلىشقا تەشكىللىدى.

ئابدۇللا توخۇلا يېزىسىنىڭ يۇقىرىقى قورباغ كەنتىدىكى دېھقان بولۇپ، ئۈچ يىل ئىلگىرى چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە كومباين سېتىۋالغاندىن كېيىن، ھەر يىلى 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا قەشقەر، خوتەنگە بېرىپ رايون ئاتلاپ يازلىق يىغىم قىلدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن داۋاملىق يەرلىكنىڭ يازلىق يىغىمغا قاتناشتى، شۇنداق قىلىپ ھەر يىلى كىرىمنى 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئاشۇردى.

كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان بوش يەردە 50تىن ئارتۇق ھەر خىل تىپتىكى كومباين توختىتىپ قويۇلغانىدى. «ئىلگىرىكى يىللاردا، بىز كومبايىننى ئۆزىمىز ھەيدەپ قەشقەر، خوتەنگە باراتتۇق، سۈرئەت ئاستا بولۇپلا قالماي، يەنە يول يۈرۈشىمىزمۇ بىخەتەر ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يىل كومبايىنلارنى توشۇش ئۈچۈن چوڭ تىپتىكى تەكشى تاختىلىق ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىنى بىرتۇتاش ئىجارىگە ئېلىپ، ھەم ۋاقىتنى تېجىدۇق، ھەم بىخەتەرلىك كوئېففىتسېنتىنى ئۆستۈردۇق.» دېھقان ئەخمەت ئەمەتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ تۆت چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە كومبايىنى بار بولۇپ، ھەر يىلى سىرتقا چىقىپ يازلىق يىغىم قىلىشتىنلا 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىكەن.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جۇ شياۋفاڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 6 ـ ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە كومبايىنلار ئارقا ـ ئارقىدىن قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ رايون ئاتلاپ يازلىق يىغىم قىلغان. بۇ يىل دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ رايون ئاتلاپ مەشغۇلات قىلىشىنى ياخشى تەشكىللەش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تارماقلىرى «رايون ئاتلاپ مەشغۇلات قىلىش كىنىشكىسى»نى ۋاقتىدا تارقاتقان ھەم رايون ئاتلاپ يازلىق يىغىم قىلىش مۇلازىمەت ئەترىتىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، رايون ئاتلاپ مەشغۇلات قىلىدىغان دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتچىلىرىنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمىنى سېتىۋېلىش ياردەم تولۇقلىمىسى ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ پايدىسىدا ئاقسۇ ۋىلايىتىدە دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ سانى يىلسېرى كۆپەيدى. ھازىرغىچە، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 60 مىڭدىن ئارتۇق تۈرلۈك دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمىنى بار، بۇنىڭ ئىچىدە رايون ھالقىپ مەشغۇلات قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە كومبايىندىن 1925ى بار. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ سانى كۆپەيدى، ئۆز جايىنىڭ يازلىق يىغىمىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغاندىن سىرت، تېخىمۇ كۆپ دېھقان بۇغداي ئورۇش دائىرىسىنى تەدرىجىي قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا كېڭەيتتى.

رايون ئاتلاپ يازلىق يىغىم قىلىشقا چېتىلىدىغان ئاپتوموبىل، خادىم كۆپ بولغاچقا، ئاقسۇ ۋىلايىتى دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى تەكشۈرۈش لاياقەتنامىسى تۈزۈمىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ ياخشى ھالەتتە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كومباين، ئورۇش ـ قاقلاش ماشىنىسى، دان ئايرىش ماشىنىسى، پىرقىرما سوقا قاتارلىق دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، تەكشۈرۈشنى نۇقتىلىق كۈچەيتتى.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ 619 مەسىلە تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى

ئۆز خەۋىرىمىز 2020 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ 619 مەسىلە تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 665 ئادەم بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىسىدىن 461ى تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىسىدىن 158ى تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ 394 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بېرىلدى.

تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان 619 مەسىلىدىن قارىغاندا، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالماي، قىلىدىغاننى قىلماي، قالايمىقان ئىش قىلىپ، ساختا ئىش قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن مەسىلە 428، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا پاسسىپ تاقابىل تۇرۇش، ئېتىبارسىز قاراپ، زورمۇزور يولغا قويۇش، ئۈنۈم تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى، ئامما مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىسى، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەردىن 24 بولۇپ، تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئومۇمىي سانىنىڭ %92.8ى، %5.2نى ئىگىلىگەن؛ تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ داغدۇغىلىق، قىممەت ئالاھىدە مەھسۇلات ۋە سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىش ـ سوۋغا قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتى قاتارلىقلارنىڭ ساياھەت پائالىيىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ قوشۇمچە پۇل، ياردەم تولۇقلىمىسى ياكى پاراۋانلىق تارقىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈردىكى مەسىلە 127 بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %46.8ى، %17.7ى، %15.8نى ئىگىلىگەن.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى مەملىكەتلىك «ئىككى يىغىن»نىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، «قاتتىق» بولۇش ئاساسىي رىتىمىدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي ئېكولوگىيەنى سىجىل ساپلاشتۇرۇپ، كەيپىياتنى ياخشىلىشى، قوشۇننى ياخشى يېتەكلىشى كېرەك. ئىزچىل تۈردە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈزەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى سىجىل يېنىكلىتىپ، كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشى، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشىغا ئىلھام بېرىشى، مەدەت بېرىشى كېرەك. «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق، قىلىدىغاننى قىلماسلىق، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماسلىق قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى بەلگىلىمە بويىچە، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىردە چىڭ تۇرۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ۋە نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مۇھىم نۇقتىنى چىڭ كۆزلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسىغا تايىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى باشلامچىلىق بىلەن مەسئۇل بولۇپ، خىزمەت پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش ئوبيېكتلىرىنى توغرا ئېنىقلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسىنىڭ تۇرغۇن ھالەتتە كۆرسىتىش، ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇش، نازارەت قىلىپ سېلىشتۇرۇش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاساسىدا، سۇپىنىڭ ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئەلالاشتۇرۇپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش، توپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، «ئەمەلىي ۋاقىتتا كۆزىتىپ ئۆلچەش، ۋاقتىدا ئالدىن سىگنال بېرىش، نامراتلىشىپ كەتمەستىلا ئالدىنى ئېلىش»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئالدىن يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنى بالدۇرراق تەشكىللەپ قۇرۇپ، خىزمەت لايىھەسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، خىزمەت تەرتىپىنى چىڭىتىپ، نۇقتىدا سىناق قىلىشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، يولغا قويۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش مېخانىزمى، خىزمەت كېڭىشىش مېخانىزمى، ئەھۋالنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش مېخانىزمى، ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ ئۈنۈمنى سۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەت سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسلىق مەسئۇل يولداش ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى، باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، مەسئۇل يولداش مەخسۇس تۇتۇپ، مەخسۇس باشقۇرۇپ، ئىش ئورنىنى بېكىتىپ، ئادەمنى بېكىتىپ، مەسئۇلىيەتنى بېكىتىپ، ماسلىشىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىر پۈتۈن ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈنلىن، ۋەن خەيچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشتە شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى، شىنجاڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش كۆچمە سۇپىسىدىمۇ ماس قەدەمدە باش تېمىلىق ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش توپى قۇرۇلۇپ، يىغىندا ۋە يىغىن سىرتىدا ھەمتۈرتكىلىك كېڭەشىدىغان، تور ۋە تور سىرتىدا ماس قەدەمدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان كەيپىيات شەكىللەندۈرۈلدى. يىغىنغا قاتناشقان ئون ۋەكىل جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇش، ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ ھالقىلىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىشقا كۈچ قوشۇش، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېسسىياتىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە چارە ـ تەدبىر كۆرسەتتى. كۆپچىلىك مۇنداق قارىدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئىستراتېگىيەلىك، ئۇللۇق، ئۇزاق كەلگۈسى خاراكتېرلىك خىزمەت قىلىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قەلبلەرنى مۇجەسسەملەيدىغان مۇھىم تەدبىر قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى. بەزى ئەزالار مۇنداق تەكلىپ بەردى: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىنى دائىملاشتۇرۇش، ئۇزاق ئۈنۈملۈكلەشتۈرۈش خىزمەت مېخانىزمىنى ئەلالاشتۇرۇپ، پائالىيەتنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش؛ ھەرقايسى جايلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىلغان ئۇسۇللىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، تىپىك تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىنىڭ شەكلىنى بېيىتىپ، ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

نۇرلان ئەبلەمەجىن سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش شەكلى، ئۇسۇلىدا پائال يېڭىلىق يارىتىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنىڭ ۋاستىسى، شەكلى ۋە مەزمۇنىنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈشى، بىر ياقىدىن باش چىقىرىشى، ئىناق تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى ئۇزاققىچە پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرۇش كېرەك. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەۋزەل رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى چىن قەلبتىن تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىسىنى چىن ھېسسىيات بىلەن ياخشى سۆزلەپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

نۇرلان ئەبلەمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يىغىندا، كۆپچىلىك ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن نۇرغۇن توغرا ھەم ئېنىق كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەسىلىنى تەتقىق قىلىش، خىزمەتكە تۈرتكە بولۇش مەقسىتىگە يەتتۇق. يىغىندا شەكىللەنگەن ئورتاق تونۇش ۋە پىكىر ـ تەكلىپلەرنى دەرھال ئومۇملاشتۇرۇپ، رەتلەپ يۇقىرىغا يوللاپ، كېڭەشىش نەتىجىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جىيېشەن، جۇرئەت ئىمىن، ئىلھام سابىر، ما شيۇگېڭ، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇتەللىپ ئوبۇل باش تېما سۆزى قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىگە ئىنكاس قايتۇردى.